## مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ...... 1

I تۇرپان شەھىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تاسا- سى ئەھۋالى ...... 1

II تۇرپاننىڭ قىسقىچە تارىخى ...... 13

1- ئىككى خەن سۇلالىلىرىدىن بۇرۇنقى ئۇرۇقداش قەبىلە- چىلىك دەۋرى ...... 13

(تەخمىنەن 6 - 7 مىڭ يىللار بۇرۇنقى تاش قورال- لار دەۋرى)

2- ئىككى خەن، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى زامانىدىكى غوس دەۋرى ...... 16

(مىلادىدىن بۇرۇنقى 202 - يىلدىن 263 - 265 - 316 - يىلغىچە)

3- جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر، سۈي، تاڭ سۇلالى- لىرى زامانىدىكى قوچۇ دەۋرى ...... 22

(مىلادى 420 - 581 - 907 - يىللارغىچە)

4- سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى زامانىدىكى ئۇيغۇرلار دەۋرى ...... 25

(مىلادى 207 - يىلدىن مىلادى 1368 - يىللارغىچە)

5- مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى زامانىدىكى تۇرپان دەۋرى ...... 31

(مىلادى 1368 - يىلدىن، مىلادى 1911 - يىلغىچە).

6- شىنخەي ئىنقىلابىدىن شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر ئۆتكەن تۇرپان دەۋرى ...... 40

(1911 – يىلدىن 1949 – يىلغىچە)


III تۇرپان مەدەنىيىتى ...... 50

1 – تۇرپاننىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتى ...... 50

2 – تۇرپاندا يېقىنقى زامان مەدەنىيەت مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالى ...... 54

IV 1930 – يىللاردىكى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن ئەسلىمە ...... 67

1 – قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ...... 67

2 – قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تۇرپانغا يېتىپ كېلىشى .... 79

3 – خوجىنىياز ھاجىنىڭ ماجۇڭيىڭدىن ئايرىلىپ شىڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىشى ...... 83

4 – جەنۇبىي شىنجاڭدا بولغان بەزى ۋەقەلەر ۋە تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاقىۋىتى ...... 91

V 1947 – يىلىدىكى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن ئەسلىمە ...... 104

1 – 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ تۇرپاندىكى ئىجراسى ...... 104

2 – ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تۇرپانغا كېلىشى ...... 123

3 – تۆت سوقما ۋەقەسى، ۋە سىڭگىم ئېغىزىدىكى ئۇرۇش ... 129

4 – تۇرپان پارتىزانلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە قوشۇلۇشى ...... 143

IV – تۇرپاندىكى ئاسارە – ئەتىقىلەر ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات ...... 153

1 – يارغول قەدىمىي شەھىرى ...... 153

2 - قوچۇ (ئىدىقۇت) قەدىمى شەھىرى ...... 157

3 - بەزەكلىك مىڭ ئۆيى ...... 163

4 - يارغول مىڭ ئۆيى ...... 165

5 - تەيىزالڭ مۇنارى ...... 166

6 - سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى ...... 168

VII - ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ...... 172

1 - ئائىلە ...... 172

2 - نىكاھ ...... 176

3 - يېمەك - ئىچمەك، ئۆي - ئارام، كىيىم - كېچەك ...... 182

4 - ھېيت - بايرام، ناخشا - ئۇسۇل ...... 185

5 - ئۆلۈم - يېتىم، دىن ...... 188




此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# I تۇرپان شەھرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئاساسىي ئەھۋالى

تۇرپان شەھرى 1985 - يىلدىن بۇرۇن ناھىيە بولۇپ، تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان، ماددىي بايلىقى مول، باياشات گۈزەل بوستانلىق جايدۇر. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، بوغدا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىنى تاغ تىزمىلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ جاي مەملىكەت بويىچە قۇرۇقلۇقتىكى مەشھۇر ئويمانلىق. پۈتۈن ناھىيە شەرقىي مېرىدىيان سىزىقىنىڭ 88 گىرادۇس 29 مىنۇت، 28 سېكۇنتتىن 89 گىرادۇس 54 مىنۇت 33 سېكۇنتقىچە، شىمالىي پاراللېل سىزىقىنىڭ 42 گىرادۇس 15 مىنۇت، 10 سېكۇنتتىن 43 گىرادۇس 36 مىنۇتقىچە بولغان ئورۇندا تۇرىدۇ. شەرق تەرىپى پىچان ناھىيىسى، غەرب جەنۇب تەرىپى توقسۇن ناھىيىسى، جەنۇب تەرىپى چۆل تاغ، شىمالىي تەرىپى تىيانشاننى بويلاپ ئۈرۈمچى، جىمسار، گۇچۇڭ ناھىيىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. يەر مەيدانى 15 مىڭ 738 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بۇ جايدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان 203106 نەپەر ئاھالە ياشايدۇ.

(1987-يىلى 6 - ئايدىكى ئىستاتىستىكا سانىدىن ئېلىنغان)

تۇرپان شەھىرى بىلەن ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈر-
رۈمچىنىڭ ئارىلىقى 182 كىلومېتىر كېلىدۇ.

تۇرپانىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ئالاھىدە بولۇپ پۈتۈن مەم-
لىكىتىمىز بويىچە يەر تۈزۈلۈشى ئەڭ چوڭقۇر، ھاۋا كىلىماتى
ئەڭ ئىسسىق جايدۇر. گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا
بۇجاي ئەسلىدە بىر ئىچكى دېڭىز بولۇپ كېيىن تاغ ھاسىل
بولۇش ھەرىكىتى ئارقىلىق قۇرۇقلۇققا ئايلانغان، پۈتۈن ئوي-
مانلىقنىڭ غەربىي - شىمالىي قىسمى ئېگىز، شەرقىي جەنۇبىي
قىسمى تۆۋەن بولۇپ، يەر تۈزۈلۈشى ئىنتايىن ئېگىز - پەس.
شىمالىي تەرىپىدىكى بوغدا تېغىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى دې-
ڭىز يۈزىدە 6012 مېتىر ئېگىز بولۇپ، 4000 مېتىردىن
يۇقىرى جايلىرىدا قارلار يىل بويى ئېرىمەيدۇ. بۇ تۇرپان
ئويمانلىقىنىڭ ئاساسىي سۇ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. غەربىدىكى
قاراۋۇچىلىق تېغىنىڭ ئومۇمىي ئېگىزلىكى 3500 مېتىردىن 4000
مېتىرغىچە كېلىدۇ. جەنۇب تەرىپىدىكى چۆل تاغنىڭ ئېگىزلىكى
1500 مېتىر كېلىدۇ. شەرق تەرىپىدىكى كوچا تېغى (قۇم تاغ) نىڭ
ئېگىزلىكى 600 مېتىر كېلىدۇ. ئايدىڭكۆل تۇرپان شەھىرىنىڭ
شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر
چوڭقۇر بولۇپ، ئويمانلىق بويىچە ئەڭ چوڭقۇر، شۇنداقلا
پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ ئويمان جاي ھېسابلىنىدۇ.

ئويمانلىق ئىچىدە يەنە ئانچە ئېگىز بولمىغان يالقۇنتاغ
بىلەن تۈزلۈك تاغلار شەرقتىن - غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ،
ئويمانلىقنى جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئاي-
رىپ تۇرىدۇ. شەھەرنىڭ شىمالىي قىسمى تيانشان تاغ تىزمىسىنىڭ
ئېتىكىدىكى قەدىمقى يانتۇ - لاتقا تىندۇرما تۈزلەڭلىك بولۇپ

يانتۇلىقى $\frac{1}{30}$ چامىسىدا، جەنۇبىي قىسمى كەلكۈن تۈزلەڭلىكى بولۇپ يانتۇلىقى $\frac{1}{100}$ چامىسىدا كېلىدۇ. تۇرپان شەھىرى دېڭىز يۈزىدىن 34.5 مېتىر ئېگىز تۇرىدۇ.

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ھاۋا كېلىماتى قۇرغاق كېلىماتقا كىرىدۇ. ئويمانلىقنىڭ ئەتراپى تاغلار بىلەن زىچ قاپلانغان بولۇپ، تېمپېراتۇرا تېز ئېشىپ، ئىسسىقلىق ئاسان تارقالمايدىغانلىقى، غەرب ۋە شىمالدىكى ئېگىز تاغلار يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدىكى سوغاق ھاۋا ئېقىمىنى توساپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، تۇرپاننىڭ ئىسسىق بولىدىغان ۋاقتى ئۇزۇن، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، يامغۇر ئاز، بوران كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدە كېلىماتنى شەكىللەندۈرگەن.

يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 13.9 گىرادۇس بولۇپ ياز پەسلىدە ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 30 گىرادۇستىن يۇقىرى؛ ئايرىم ھاللاردا ئەڭ يۇقىرى بولغاندا، 6 — 7 — 8 — ئايلاردا 49.6 گىرادۇسقا يېتىدۇ. يەر يۈزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇتلەق تېمپېراتۇرىسى 76.6 گىرادۇس، شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى قۇم بارخانلىرىدا يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 82.3 گىرادۇسقا يېتىدۇ. يىل بويى 30 گىرادۇستىن يۇقىرى، ئىسسىق بولىدىغان كۈنلەر 146 كۈنگە يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 40 گىرادۇستىن يۇقىرى ئىسسىق بولىدىغان كۈنلەر 90 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەر تۇرپاننى «ئوت يۇرتى»، «تونۇر» دېيىشىدۇ.

لېكىن ھاۋا كېلىماتى قۇرغاق بولغانلىقتىن قىشلىقى

يەنىلا ھاۋا سوغاق بولىدۇ. تېمپېراتۇرا 105 كۈن ئەتراپىدا 0°C گىرادۇستىن تۆۋەن بولىدۇ. ئايرىم ھاللاردا ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 0°C گىرادۇستىن تۆۋەن 29.9 گىرادۇسقا چۈشىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. قىش بىلەن يازنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئارىلىقىدا ئەڭ چوڭ بولغاندا 76.5 گىرادۇس پەرقلىنىدۇ. ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ پەرقى بەۋقۇلئاددە چوڭ بولۇشى تۇرپاننىڭ ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىنىڭ قىسقا، ياز پەسلىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن بولۇشى ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ يەردە 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن كېيىنلا يەرلەرگە ساپان تىكىلىپ تېرىقچىلىق باشلىنىدۇ. 3 - ئايدا باھار كىرىپ قۇشلار سايرايدۇ. گۈل چېچەكلەر خۇش پۇراق چاچىدۇ. ھەممە ئۆسۈملۈكلەر بىخ ئۇرۇپ ئۆسۈشكە باشلايدۇ. 5 - ئايدا ياز پەسلى كىرىدۇ. 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن كېيىن ئاندىن تېمپېراتۇرا تەدرىجى تۆۋەنلەيدۇ. كۈزلۈك سالقىن ۋاقتى ئاران 50 كۈن چامىسىدا بولىدۇ. يىللىق ئىسسىق ۋاقىت 3000 سائەتتىن كۆپرەك، قىروسىز ۋاقتى 220 كۈندىن 250 كۈن ئەتراپىغىچە بولىدۇ. بۇ ھالەت زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە ئىنتايىن ياخشى شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىدۇ.

تۇرپاندا يامغۇر يېغىن ئاز بولۇپ، يىللىق ھۆل يېغىن مىقدارى 16.6 مىللىمېتىر بولىدۇ. قىشلىقى ئاساسەن قار ياغمايدۇ. لېكىن سۇنىڭ يىللىق پارغا ئايلىنىشى 2844.9 مىللىمېتىر بولىدۇ. تۇرپان ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۈستۈن بولۇشى، ئىسسىق بولىدىغان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى، ھاۋانىڭ قۇرغاق بولۇپ، يامغۇر يېغىنىنىڭ ئاز بولۇشى، دۇنياغا داڭلىق



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

كىشمىش ئۈزۈم ۋە ئۈزۈن تالالىق پاختىنى ئۆستۈرۈشكە باپ كېلىدۇ.

تۇرپان شىنجاڭ بويىچە بوران كۆپ چىقىدىغان ئورۇنلارنىڭ قاتارىدا بولۇپ، بوران 3 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئارىلاپ - ئارىلاپ چىقىپ تۇرىدۇ. 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئەڭ كۆپ چىقىدۇ. چۈنكى تۇرپان تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى شامال ئېغىزىغا جايلاشقان، شۇڭا ئسايـزدم يىللىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 8 بالدىن يۇقىرى بوران 31 قېتىمدىن ئارتۇق، ئەڭ كۆپ بولغاندا 69 قېتىمغا يېتىدۇ.

(1961 - يىلى 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، 1963 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، 1963 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تارىختا ئاز ئۇچرايدىغان 12 بالدىن يۇقىرى پەۋقۇلئاددە دەھشەتلىك بوران چىققان) قۇم بورانىنىڭ تەھدىتى ئېغىر، تۇرپاندا بوران 3 خىل بولىدۇ.

بىرىنچىسى: ئويمانلىقنىڭ ئىسسىق ھاۋا ئېقىمى بىلەن، شىمالىي شىنجاڭنىڭ سوغاق ھاۋا ئېقىمى ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك ھاۋا بېسىمى پەلەمپىيى شەكىللىنىش بىلەن پەيدا بولىدىغان شىددەتلىك بوران. بۇ شىمالىي شىنجاڭدىن داۋانچىڭ ئارقىلىق ئويمانلىققا بېسىپ كېلىدۇ. بۇ بورانغا ئايدىڭكۆل، يار، چاتقال يېزىلىرى دوچ كېلىپ بوران ئاپىتىگە ئېغىر ئۇچرايدۇ.

ئىككىنچىسى: ئويمانلىق ئىچىدە ھاۋا تېمپېراتۇرا تېز ئۆرلەش تۈپەيلىدىن، ھاۋانىڭ دولقۇنلىشىپ ئېقىشى بىلەن پەيدا بولىدىغان تاغ بورىنى، بۇ ئادەتتە چۈشتىن كېيىن چى-

قىسپ كەچتە توختاپ قالىدۇ.
ئۈچىنچىسى، ئويمانلىق بىلەن تىيانشان، قاراقۇچماق تاغلىرى
ئوتتۇرىسىدىكى ئىگىز - پەسلىكتە پەرق چوڭ بولغان
لىقتىن پەيدا بولىدىغان ئىسسىق شامال، بۇنىڭ بۇغداي مەھ-
سۇلاتىغا زىيىنى ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. بىرىنچى خىلدىكى
بورانىنىڭ زىيىنى پەۋقۇلئاددە ئېغىر. تارىختىن قارىغاندا بۇ
بوران قاتتىق چىققان ۋاقىتلىرى ئۆسۈملۈك زىرائەتلەرنى
نابۇت قىلىپلا قالماستىن، قاتناشنى توختىتىپ قويۇش، تېلېفون،
سىم يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش، جاڭگال يوللىرىدىكى كىشىلەرنىڭ
جېنىغا زامىن بولۇش، بۇلاق كارىزلارنى تىندۇرۇۋېتىشتەك
بالايى - ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن.
تۇرپاننىڭ يەر ئۈستى، يەر ئاستى سۈيى بولۇپ تىيانشان،
يالقۇنتاغ قاتارلىق سۇ مەنبەلىرىگە بۆلۈنۈپ شىمالدىن
جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ. قىشلىقى سۈيى ئايدىڭكۆلگە قۇيۇلىدۇ.
(ئازادلىقتىن كېيىن چوڭ - چوڭ سۇ ئامبارلىرى قۇرۇلغاچقا
ھازىر ئايدىڭكۆلگە قۇيۇلىدىغان سۇ مەنبەئى ئاساسەن ئۈزۈ-
لۈپ، ئايدىڭكۆل قۇرۇق كۆلگە ئايلىنىپ قالدى) يىللىق ئې-
قىش مىقدارى 730 مىلليون كۇب مېتىر.
تىيانشان سۇ سىستېمىسى، چاتقان، قاراگۇغول، قارايۇزى،
تارلاڭ، يوغانتېرەك قاتارلىق 5 ئېقىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
سۇ مەنبەئى — تىيانشان قار - مۇز ئېرىندىلىرى، ياز پەسلىدىكى
شىددەتلىك تاغ يامغۇرلىرىدىن ئىبارەت. شۇڭا سۇ - مىقدارى
تۇراقلىق ئەمەس. بەزىدە ئاز، بەزىدە كۆپ بولىدۇ. 7 —،
8 — ئايلاردا دائىم كەلكۈن كېلىپ تۇرىدۇ. ئەڭ چوڭ كەل-
كۈننىڭ ئېقىش مىقدارى 300 كۇب مېتىردىن ئېشىپ، شىد-

دەتلىك كەلگۈن ئەژدىھاسىنى ھاسىل قىلىدۇ، لېكىن ۋاقىت ئۇزۇن بولمايدۇ.

يالقۇنتاغ سۇ سىستېمىسى بۇلاق كارىز سۇيىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلاق سۇيىنىڭ يىللىق ئېقىش مىقدارى 200 مىليون كۇپ مېترغا يېتىدۇ. ئۇ — مۇرتۇق بۇيلۇق، قۇرۇتقا، يارغول، ياڭغۇلۇق، چوڭ ياغ، كىندىك، قاتارلىق 7 سۇ ئېقىنىنى ئۈز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مۇرتۇق، بۇيلۇق، يارغول، چوڭ ياغلارنىڭ سۈيى ئۇلۇغراق. بۇ ئېقىملارنىڭ سۇ مەنبەئى — تىيانشان سۇ سىستېمىسىدىكى ھەر قايسى ئېقىنلاردىن تارىلىپ كەلگەن يەر ئاستى سۇيىدىن ئىبارەت. بۇ — يەر ئاستى ئېقىملار يالقۇنتاغ، تۇز تاغلارغا توسىلىپ تاغنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدە چوڭ - كىچىك ئوخشاش بولمىغان بۇلاق سۈيى بولۇپ كۆتىرىلىپ بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ، ئۇلۇق ئېقىملارغا ئايلىنىدۇ. بۇلاق سۇلىرى قىشلىقى توڭلىمايدۇ، بۇلاق سۇلىرى دېھقانچىلىق رايونلىرىغا يېقىن بولۇپ، تۇرپاننىڭ دېھقانچىلىقىغا ئىشلىتىدىغان مۇھىم سۇ - مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تىيانشان تېغى بىلەن، يالقۇنتاغ ئارىلىقىدا، ساي يەرلەرنى سۇغۇرىدىغان بۇلاق كۆزلىرى تارقالغان. چوڭراق بۇلاقلار چىچان، شاپتۇللۇق، دۆڭغول قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تۇرپاندا چوڭ - كىچىك 1859 بۇلاق بار. بۇ چوڭ - كىچىك بۇلاقلار بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ چوڭ - كىچىك ئېقىملارغا ئايلىنىپ ئېتىزلارنى سۇغىرىدۇ. شۇڭا ئويمانلىقتا ئۇتاش - ئۇتاش بوستانلىقلار بارلىققا كەلگەن.

تۇرپان خەلقى يەنە يوشۇرۇن يەرئاستى سۇلىرىدىن پايدى-
لىنىپ ئىنتايىن ئەپچىل سۇغىرىش شارائىتىنى ياراتتى. ئۇزۇن
مۇددەت ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە كارىز ئىجاد قىلىپ،
دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈردى. تۇرپاندا 583
كارىز بار. ئۇزۇن بولغانلىرى 10 كىلومېتىردىن ئارتۇق.
قىسقا بولغانلىرى 1 كىلومېتىر چامىسىدا كېلىدۇ. ئادەتتىكى-
لىرى 6·5 كىلومېتىر بولىدۇ. كارىزلارنىڭ ئومۇم ئۇزۇنلۇقى
2400 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. بۇ، تۇرپاندىكى غايەت زور سۇ
ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كارىزنىڭ سۇ مىق-
دارى، ئاساسەن تۇراقلىق. قىشلىقى ئىللىق، يازلىقى مۇزدەك،
سۈزۈكلىكى خۇددى ئەينەككە ئوخشاش، كارىز سۈيى بىلەن
تۇرپان شەھىرىدىكى پۈتۈن تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمى
سۇغۇرىلىدۇ ھەم تۇرپان خەلقىنىڭ تۇرمۇشتا ئىستېمال قىلى-
لىدىغان ئاساسىي سۇ مەنبەئى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئومۇم
ئېقىش مىقدارى 7 كۇب مېتىر، سېكۇنتىغا يىللىق ئېقىش مىقدارى
230 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ.

تۇرپاننىڭ تۇپراق خىللىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. شىمال
قىسمىدىكى تاغلىق يەرلەردە ئىگىز تاغ
چىملىق تۇپرىسى، قوڭۇر توپا ۋە قارا چىلان تو-
پىسى بار. تاغ ئېتەكلىرىدە جىگەررەڭ چۆل تۇپرىسى كەڭ
تارقالغان. ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا سۇغۇرۇلىدىغان تېرىلغۇ
يەر تۇپرىسى، شورتاڭ تۇپرىسى، تېپىك شور توپا بار. جەنۇبىي
قىسمىدا جىگەررەڭ چۆل تۇپرىسى كەڭ تارقالغان.

يالقۇنتاغنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سىڭگىم يېزىسى ئەتراپىدى-



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

كى يەرلەر چىملىق بولۇپ، ئورگانىك ماددىلار كۆپ. تۇزۇلۇشى ياخشى. تۇپراق تەركىبىدە شور ناھايىتى ئاز. يالقۇنتاغنىڭ جەنۇبىي ئاستانە، قارا خوجا، چاتقال، قاراخوجا كارىزى ئەتراپىدىكى تۇپراقلارنىڭ تەركىبىدە شور بىر قەدەر ئاز. شۇڭا بۇ يەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تېرىشقا بولىدۇ. تېرىلغۇ يەرلەر ئوتتۇرىسىدا پايدىلىنىشقا بولىدىغان نۇرغۇن پىششىق بوز يەر ۋە خام بوز يەرلەر بار.

يار — ئۈزۈمچىلىك يېزا ئەتراپلىرى سۇغۇرۇلىدىغان تېرىلغۇ يەر تۇپرىقىغا كىرىدۇ. تۇپراقنىڭ خاراكتېرى جەھەتتە سېغىز توپا ۋە سېرىق توپا كۆپرەك، پىشقان توپا ۋە قارا توپا ئازراق. تۇپراقنىڭ شور تەركىبى ئانچە كۆپ ئەمەس، ئورگانىك ماددىلار ئازراق.

چاتقال، ئايدىڭكۆل يېزىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شورتاڭ توپىسى ۋە چىم توپىسى بولۇپ، شورتاڭ توپا چاتقال يېزىسى ۋە ئايدىڭكۆلنىڭ يۇقىرى قىسمىغا تارقالغان، ئايرىم جايلاردا تۇپراقنىڭ ئۈستى قاتلىمىدا ئادەتتە 10 سانتىمېتىردىن 30 سانتىمېتىرغىچە تۇز قاسىرىقى بار، بۇ تۇز قاسىرىقىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن تۇپراقنىڭ ئۈنۈمى ياخشىلىنىپ، شور كۆپ زىيان سالالمايدۇ. چىملىق يەرلەر ئايدىڭكۆلگە يېقىنراق بولۇپ، بۇ يەردە يەر ئاستى سۈيى يۇقىرى، سۇ ۋە يەرنىڭ سۈپىتى ناچار، ئۈنۈمى تۆۋەن، تۇزنىڭ زىيىنىمۇ چوڭ، لېكىن نۇرغۇن جايلىرىدا تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدۇ.

ئايدىڭكۆلدىكى قالدۇق تۇز تۇپراقنىڭ ئۈستۈنكى قاتلىمىدا قۇرۇپ كەتكەن نۇرغۇن قومۇچ يىلتىزلىرىنىڭ قالدۇقلىرى بار. قېلىنلىقى ئوخشاش بولمىغان يۇمشاق توپا

ئارىلىشىپ تۇرىدۇ. بۇ يۇمشاق تۇپىدا زىيانلىق تۇز تەركىبى بولۇشنىڭ سىرتىدا مەلۇم ئورگانىك ماددا ۋە ئازوت تەركىبىدىكى تۇز خىللىرى بار. مانا بۇ، تۇرپاننىڭ مۇھىم ئوغۇت مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولغان شوردۇر. شور تۇپا، قىزىل شور، سېرىق شور، قارا شور ۋە ئاق شوردىن ئىبارەت 4 خىلغا بۆلۈنىدۇ. قىزىل شور ياللۇنتاغ ئەتراپلىرىغا، سېرىق شور تۇزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرا، ئاياق قىسىملىرىغا تارقالغان بولۇپ، بۇ ئىككى خىل شورنىڭ سۈپىتى ياخشىراق. تۇز تەركىبى ئاز، ئوغۇت تەركىبى كۆپ. قارا شور بولسا سېرىق شور رايونىنىڭ ئىچىدە تارقاق جايلاشقان. بۇنىمۇ ئوغۇت قىلىشقا بولىدۇ. ئاق شور، ئادەتتە قىزىل، سېرىق، قارا، شورلارنىڭ ئاستىدىكى تۇپا قاتلىمىغا قارىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئوغۇت تەركىبى كۆپ ئەمەس. شور — تۇرپاننىڭ ئىشلىتىپ تۈگەتكۈسىز ئوغۇت مەنبەئىدۇر. تۇرپان خەلقى ئۇزۇندىن بېرى شور، تۇپا بىلەن تېرىلغۇ يەرلەرنى كۈچلەندۈرگەن ياكى ئۇنى قوشۇمچە ئوغۇت ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەن. بۇ جەھەتتە نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلغان.

تۇرپاننىڭ ماددىي بايلىقى مول. ئاشلىق زىرائەتلىرى — بۇغداي، ئاق قوناق، تېرىق، پۇرچاق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئاق قوناق، بۇغداي كۆپ تېرىلىدۇ. قىسمەن رايونلاردا ياڭيۇ ۋە خۇڭشۇمۇ تېرىلىدۇ. ئىقتىسادىي زىرائەتلىرى — قورۇقلۇق پاختا ۋە ئۇزۇن تالالىق پاختا كۆپ ئىشلەپچىقىرىلغاندىن تاشقىرى زاراڭزا، خاسىڭ قاتارلىقلارمۇ تېرىلىدۇ.

باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن — ئۈزۈم بىلەن قوغۇن مەشھۇر.

ئۈزۈم — كىشمىش، ئاق سايۋى، قىزىل سايۋى، بىجاقى، ئاق قاشقىر، كۆك قاشقىر، ئاق ئۈزۈم، قارا ئۈزۈم ۋە دارا ياسىلىدىغان غۇنچە ئۈزۈمدىن ئىبارەت 9 خىلغا بۆلۈنىدۇ.

قوغۇن — تورلۇق ۋە تورسىز ئىككى سىستېمىغا، كۆكچى، مىجمىگەن، سېرىق شاپاق، ناشكەر، بادۈك ...... قاتارلىق 10 خىلغا بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يازلىق — كۈزلۈك تاۋۇز كۆپ. مېۋىلەردىن: ئالما، نەشپۈت، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئەنجۈر، ئانار، ياڭاق قاتارلىق يەل — يېمىشلار بار. شۇڭا باغلىرى تاتلىقلىقتا بىر — بىرى بىلەن بەسلەشكەن مېۋە — چىۋىلەرگە تولغان. تۇرپان مەملىكەت بويىچە مەشھۇر ئۈزۈم ماكانى.

تۇرپان ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىقى كۆپىنچە دېھقانچىلىق بىلەن قوشۇپ باشقۇرۇلىدۇ. ئوتلاقلىرى — يوغانتېرەك، تارلاڭ، داستا، قاراڭغۇ غول، چالتان قاتارلىق تاغ رايونلىرىغا جايلاشقان. كۆچۈك، جەمسار ناھىيىلىرىدىمۇ تۇرپاننىڭ ئوتلاقلىرى بار. چارۋا ماللاردا قوي، ئۆچكە ئاساس قىلىنىدۇ. چوڭ ماللاردىن — ئات، خېچىر، كالا، تۆگە، ئېشەك قاتارلىقلار بار. چارۋا ماللاردىن يۇڭ، تىۋىت، تېرە، ئۆچكە قاتارلىق مەھسۇلاتلار چىقىدۇ.

ئورمانچىلىق ۋە پىلىچىلىكمۇ خېلى تەرەققى قىلغان. شۇڭا تۇرپان تارىختا يىپەك ماكانلىرىدىن بىرى بولۇپ يىپەك يولىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان.

تۇرپان ناھىيىسىنىڭ يەر ئاستى بايلىقىمۇ ناھايىتى مول، تۇز، كۆمۈر، تۆمۈر زاپىسى ناھايىتى كۆپ. شۇنىڭدەك نېفىت،

هاك تېشى، سىڭىر تاش، مىس، مارگانىس شور، بور، يەر- لىك شۆلتا، خام ئۆر قاتارلىقلار بار، بۇلاربۇندىن كېيىن سانا- ئەت تەرەققىياتىنى مول كان بايلىقى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

تۇرپان يۇقىرقى ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتلاردىن باشقا يەنە شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ تىيانشان- نىڭ جەنوبى ۋە شىمالىنىڭ قاتناش ئېشلىرىنى ئىچكى ئۆلكە- لەر بىلەن بولغان قاتناشنى تۇتاشتۇرىدىغان تۈگۈندۇر.

شۇڭا بۇ جاي 2000 يىلدىن بۇيانقى خەن سۇلالى- سىدىن بېرى قەدىمقى شىنجاڭنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. تاكى ھازىر- غا قەدەر زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە مەدەنى قىممەتكە ئىگە تۈرلۈك ئاسارە - ئەتىقىلەر ساقلىنىپ كەلمەكتە.

تۇرپاننىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرى 1949 - يىلىدىكى ئومۇمى نوپۇسى 67319 نەپەر بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 60189 نەپەر، 89.4% نى، خەنزۇلار 640 نەپەر، 0.95% نى، خۇيزۇلار 6466 نەپەر، 9.4% نى ۋە باشقىلار 24 نەپەر 0.25% نى ئىگەللىگەن.

1987 - يىل 8 - ئايدىكى تۇرپان شەھرىنىڭ ئومۇمى نوپۇسى 203106 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر- لار 144690، ئومۇمى ئاھالىنىڭ 71.24% نى، خەنزۇلار 43076 نەپەر بولۇپ 21.19% نى، خۇيزۇلار 15051 نە- پەر بولۇپ 7.41% نى ۋە باشقا مىللەتلەر 289 نەپەر بولۇپ 0.16% نى تەشكىل قىلىدۇ.

# II تۇرپاننىڭ قىسقىچە تارىخى

## 1. ئىككى خەن سۇلالىرىدىن بۇرۇنقى ئۇرۇقداش قەبىلىچىلىك دەۋرى

(تەخمىنەن 6 — 7 مىڭ يىل بۇرۇنقى تاش قوراللار دەۋرى)

تۇرپاننىڭ تارىخى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئىككى خەن سۇلالىرى دەۋرىدىكى «تارىخىي خاتىرىلەر» «خەن خاندانلىقى تارىخى»دىن باشلاپ يېزىلغان. شۇڭا ئۆتكەندە تۇرپان تارىخى كۆپىنچە ئىككى خەن سۇلالىرى دەۋرىدىن باشلاپ بايان قىلىنىپ كەلگەن.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۇرپاننىڭ يارغول، ئاستانە، قاراخوجا رايونلىرىدا ئىلگىرى - ئاخىر يېڭى تاش دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ نۇرغۇن يادىكارلىقلىرىنى تاپتى، ئۇلار تۇرپاننىڭ تارىخىنى مۇندىن تەخمىنەن 6 — 7 مىڭ يىل بۇرۇنقى يېڭى تاش دەۋرىگە ئاپىرىپ تاقىدى. شۇڭا تۇرپاندا ئانا - ئۇرۇقداشلىق، ئاتا - ئۇرۇقداشلىق جامائەسى دەۋرىدىلا ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇم.

ئۇ چاغدا ئىنسانلار تېخى باشلانغۇچ ئۇرۇقداش

قەبىلىچىلىك باسقۇچىدا ياشىغان. سۈركەپ ـ سىلىقلاپ ياسىغان تاش قوراللارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلەتكەن. ئوقيا ئوقى، نەيزە ئۇچى ئۇچلۇق سايمانلارنى ھەمدە ھەر خىل تاش پىچاق ۋە سۆڭەك قوراللارنى ياساپ ئوۋ قىلىپ، ئوزۇق يىغىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئانا ئۇرۇقداشلىق جامائەسى دەۋرىدە قوي، كالا بېقىشقا باشلىغان. تاش گۈرجەك ۋە ياغاچ ئوتۇغۇچ بىلەن يەر ئاغدۇرۇپ يەر تۈزلىگەن. قوزۇق بىلەن تۆشۈك كولاپ ئۇرۇق سالغان. تېرىق تېرىپ ئېپتىدائىي يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققى قىلدۇرغان. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تاپقان بىر مۇنچە تاش قوراللار ئارىسىدىن مەخسۇس تېرە ئېيلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ھەرە شەكىللىك سايماننىڭ تېپىلىشىغا قارىغاندا تۇرپاندا تاش قورال دەۋرىدىلا يۇڭ، تېرىلەردىن نەرسە ـ كېرەك ياساش تېخنىكىسىنى ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم.

يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە يەنى 6 مىڭ يىل ئىلگىرى تۇرپان رايونىدىكى باشلانغۇچ ئۇرۇقداش قەبىلىلەر چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلىپ، تېرىقچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان، تاش قوراللارنى ئىشلىتىشتىن تاشقىرى ساپال قوراللارنى ئىجاد قىلغان. ساپال پىشۇرۇش خۇمدانلىرىدا سۇ قاچىلايدىغان كومزەكلەرنى، يېمەكلىكلەرنى پىشۇرىدىغان ھەر خىل قاچىلارنى پىشۇرۇپ ياسىغان. قىزىل بويالغان ساپال قاچىلارنىڭ ئۈستىگە بېرىلگەن سىرلار، ئۇنىڭ گۈل نەقىشلىرى گەنسۇنىڭ خىش كارىدورى ساچىڭ مەدەنىيەت ئورنىدىن تېپىلغان رەڭلىك ساپاللارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مانا بۇنىڭ-



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com